# مەن ساڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ماڭا ئۆگۈتۈپ قويغان سۆزلەرنى ئۆگۈتۈپ قويايمۇ؟، تاغدەك قەرزىڭ بولسىمۇ ئاللاھ قەرزىڭنى ئادا قىلىپ بېرىدۇ، سەن: «ئى ئاللاھ! ھالال رىزقىڭ ئارقىلىق مىنى ھارامدىن ساقلىغىن، ئۆز مەرھىمىتىڭ بىلەن سەندىن باشقىدىن بىھاجەت قىلغىن» دېگىن

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، ئۇنىڭ يېنىغا بىر توختاملىق قۇل كىلىپ مۇنداق دېگەن: مەن توختامنى پۈتتۈرۈشتىن ئاجىز كەلدىم، ماڭا ياردەم قىلغىن، دېگەندە. ئۇنىڭغا ئەلى: مەن ساڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ماڭا ئۆگۈتۈپ قويغان سۆزلەرنى ئۆگۈتۈپ قويمايمۇ؟، تاغدەك قەرزىڭ بولسىمۇ ئاللاھ قەرزىڭنى ئادا قىلىپ بېرىدۇ، سەن: «ئى ئاللاھ! ھالال رىزقىڭ ئارقىلىق مىنى ھارامدىن ساقلىغىن، ئۆز مەرھىمىتىڭ بىلەن سەندىن باشقىدىن بىھاجەت قىلغىن»دېگىن! دېدى

ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)]]

[[تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

بۇ ھەدىستە بىر توختاملىق قۇل-يەنى خوجىسىغا مەلۇم مىقداردا پۇلنى بۆلۈپ تاپشۇرۇش ئارقىلىق ئازادلىقنى سېتىۋېلىشقا كېلىشىم قىلغان، لېكىن تۆلەيدىغان پۇلنى تاپالمىغان قۇل، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىغا كىلىپ، قەرزىنى تۆگىتىشكە ياردەم سورىغان، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا شەرئى بىر چىقىش يولىنى كۆرسىتىپ قويغان، ئۇ ئىخلاس بىلەن قىلسا تاغدەك قەرزى بولسىمۇ ئاللاھ ئادا قىلىپ بېرىدىغان، رەسۇلۇللا ئۇنىڭغا ئۆگۈتۈپ قويغان دۇئا ئىدى،.ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «ئى ئاللاھ! ھالال رىزقىڭ ئارقىلىق مىنى ھارامدىن ساقلىغىن، ئۆز مەرھىمىتىڭ بىلەن سەندىن باشقىدىن بىھاجەت قىلغان» دېگىن! دېگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5884